### دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، چېخ، سلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە ۋە پولشادىن ئىبارەت ئالتە دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو بىلەن ئالتە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئالتە دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ۋە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئالتە دۆلەت يېڭى جۇڭگونى ئەڭ بالدۇر ئېتىراپ قىلغان ھەم دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بىر تۈركۈم دۆلەت. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن ئالتە دۆلەت ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر ـ بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو بىلەن ئالتە دۆلەت خەلقلىرىگە ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزدى. ھازىر، ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى قويۇقلاشتى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنىڭ نەتىجىسى مول بولدى، ئادەمىيەت ئالاقىسى مول، رەڭدار بولماقتا. يېڭى دەۋردە، جۇڭگونىڭ ئالتە دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېڭى، تېخىمۇ كەڭ ئىستىقبالغا يۈزلەندى. مەن ئالتە دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، ئالتە دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىمىزنىڭ 70 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو ـ ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىق پۇرسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

ئالتە دۆلەت باشلىقلىرى بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 70 يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگونىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋاقىتنىڭ ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، زور ئىلگىرىلەش ۋە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئالتە دۆلەت جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك ئاپىرىن ئېيتىدۇ، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ، جۇڭگو بىلەن ئىككى تەرەپ ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو ـ ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالتە دۆلەت زۇڭلىلىرى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ ئالتە دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش، جۇڭگو ـ ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى، جۇڭگو ـ ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىدا تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ كۆپ پايدا ئېلىشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ. ئالتە دۆلەت زۇڭلىلىرى مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو بىلەن بولغان ئەمەلىي ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە جۇڭگو ـ ئوتتۇرا شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايمىز.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىلەرنىڭ ياشانغاندىمۇ روھلۇقلارنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق نۇر چېچىپ، ھارارەت تارقىتىپ، ئاۋمېنلىق ياشلارغا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ھېكايىلەرنى كۆپرەك سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش روھىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىشقا، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، قول تۇتۇشۇپ ئاۋمېننى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاۋمېن قوشنىلار باش جەمئىيىتىنىڭ يىغىن مەركىزى 2007 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بىر كەسپىي ياشانغانلار مۇلازىمەت ئاپپاراتى. 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئەينى چاغدىكى دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شى جىنپىڭ ئاۋمېننى كۆزدىن كەچۈرگەن مەزگىلدە، بۇ مەركەزگە بېرىپ ياشانغانلارنى سەممىي يوقلىغانىدى. يېقىندا، يىغىن مەركىزىنىڭ پېشقەدەم پىدائىيلار گۇرۇپپىسىدىكى 30 نەپەر ياشانغان كىشى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگولۇق بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش روھىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەنىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىشى كېرەك. شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قەدىرلەپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتىدە، ئۇلۇغ خەلقىمىزنىڭ قىياپىتىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىياپىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش يۈزبەرگەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇشى؛ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇشى كېرەك. قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممىگە ئېلىپ، ھەقىقىي تۈردە تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق ۋە چوڭقۇر ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىشقا ئايلاندۇرۇشى، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، پائال نەتىجە يارىتىشنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. قىممەتلىك تەجرىبىلەردە چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىشى كېرەك. قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى، يېڭى جۇڭگونىڭ تەستە قۇرۇلغانلىقىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەستە بەرپا قىلىنغانلىقىنى، بۈگۈنكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلققە گۈزەل تۇرمۇش يارىتىپ بېرىشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى چىن قەلبىتىن ھېس قىلىشى، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشى كېرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىدىن ئىبارەت تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىنى پۇختا، چىڭ تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشى ۋە ئەمەلىيەت يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن كۈچنى بىرىكتۈرۈپ مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، چىن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى كەم ـ كوتىسىز، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تۈزىتىش ۋەدىسىنى بىرمۇبىر نەقلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈنۈم يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياخشى ئىستىل ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، تەربىيەنى ئاشكارا تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كەڭ كۆلەمدە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ باھاسىنى ئاڭلاشقا دىققەت قىلىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى سىناپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىلىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇشى، ھەقىقىي تۈردە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ۋە ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون)لىك يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى قاتتىق، ئەمەلىي كۈچەيتىپ، ئىز قوغلاپ ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

# دىققەتنى ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈش   مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆپ خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بورتالا شەھەرلىك پارتكوم تۆت يۈرۈش بەنزىنى ياخشى تۇتۇش ۋە يولغا قويغان ئورۇنلار بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش ـ تەربىيەسىگە سىلىشتۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دەرىجە، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھەرقايسى كەنت، ئەترەت، مەھەللە پارتىيە (باش) ياچېيكىلىرى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى مەركەزلىك ئۆگىنىشكە ئومۇميۈزلۈك بىرلەشتۈردى؛ دۆلەت كارخانىلىرى پارتىيە ياچېيكىلىرى، پارتىيە ئەزالىرى سانى بىرقەدەر كۆپ يېڭى گۈللەنگەن تەشكىلاتلار پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى جىداۋيۈەننىڭ يېتەكچىلىكىدە مەركەزلىك ئۆگەندى؛ پارتىيە ئەزالىرى سانى بىرقەدەر ئاز ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى مەھەللىلەرنىڭ بىرتۇتاش پىلانلىشىدا مەركەزلىك ئۆگەندى. مەركەزلىك ئۆگىنىشكە ۋاقتىدا قاتنىشالمايدىغان پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا، مەركەزلىك دەرس تولۇقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆگىنىشنى تولۇقلاتتى؛ ياشانغان، تېنى ئاجىز، ھەرىكىتى قولايسىز پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا، تەشكىلىي مۇناسىۋىتى تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسى ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۆگىنىشنى يەتكۈزدى؛ چارۋىچىلىق رايونىدىكى چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا، پارتىيە ئەزالىرى مەركىزىي ئائىلىسى قاتارلىقلارغا تايىنىپ تەۋەلىككە ئايرىلىپ مەركەزلىك ئۆگەندى ياكى سەييارە ئۆگىنىشنى يەتكۈزدى. نۆۋەتتە، بورتالا شەھىرى ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرچە 680 پارچە، قازاقچە 430 پارچە زۆرۈر ئوقۇشلۇققا مۇشتەرى بولۇپ بەردى.

ئالاتاۋ شەھىرى مەركەزلىك ئۆگىنىش ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئاساسىدا، تەربىيەنى ئاشكارا تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ تەنتەنىلىك ئەھۋالىنى كۆرۈشكە تەشكىللەپ، دۆلەت دەرۋازىسى، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى قاتارلىق شۇ جايدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلدى. دۆلەت بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئالاتاۋ شەھىرىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىڭتۈەن 5 ـ شىسى 90 ـ تۇەنى پېشقەدەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر قاراۋۇلخانىسى خارابىسى، جانباس چېگرا مۇداپىئە لىيەنى قاتارلىق قىزىل تەربىيە بازىسىغا بېرىپ قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ياد ئېتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

جىڭ ناھىيەسى سەككىز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەرقايسى يېزا (بازار، مەيدان) ۋە ناھىيەگە بىۋاستە قاراشلىق تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئالاقىلىشىپ، ھەپتىلىك خىزمەت قەرەللىك يىغىنى ۋە نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە كۆرسەتمە بېرىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. خىزمەت قەرەللىك يىغىنى ئېچىش، خىزمەت ئەسكەرتمىسى تۈزۈپ تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇقتىلىق ۋەزىپە جەدۋىلى تۈزدى، باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلدى.

**■ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈش   ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەش**

باش تېما تەربىيەسىدە بورتالا ئوبلاستىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇش، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى پۇختا تۇتۇش ئاساسىدا، مەسىلىگە ئاتلىنىپ، مەسىلىگە قارىتا تەكشۈرۈپ، مەسىلىنى كۆزلەپ تۈزەتتى.

بورتالا شەھىرى چىندېل كوچا باشقارمىسى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، چىن كۆڭۈل، سەممىي نىيەت بىلەن ئاممىغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىپ بەردى. تەۋەلىكتىكى سودىگەرلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىن بالدۇر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قارايدىغان ئادەم يوق بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، كوچا باشقارمىسى «سائەت 6:30 دەرسخانىسى» تەسىس قىلىپ، 30 نەچچە سودىگەرنىڭ بالىسىنى ئۆگىنىش مەيدانى بىلەن تەمىنلىدى.

ئارشاڭ ناھىيەسى دالىمتى يېزىسى چارۋىچىلىق كەسىپنى ئاساس قىلغان چېگرادىكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىسى. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ يېزا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، يېزىلىق پارتكوم بەنزىسىنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى، مەسىلىنى ھەل قىلىش تەپەككۇر يولى تېخىمۇ ئېنىق بولدى. چارۋىچىلىق رايونىنى تېخىمۇ گۈزەل، چارۋىچىلارنى تېخىمۇ باي قىلىش ئۈچۈن، يېزىلىق پارتكوم شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، يېشىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ، دېھقانلار ئارامگاھى، چارۋىچىلار ئارامگاھىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

جىڭ ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ ماندان يېزىسى قار تۆرە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى خەلققە مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، 420 مىڭ يۈەن خەلق تۇرمۇشى تۈرى مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ كەنتنىڭ كوچا يوللىرىنى قاتتىقلاشتۇردى. قۇرۇلۇشتا 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قۇرۇلۇش باشلىنىپ، بىر ھەپتە جىددىي قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە، يېپيېڭى ئاسفالت يول ياسىلىپ ئىشلىتىلدى.

نۆۋەتتە، بورتالا ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەر، ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلار بورتالا ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا زىچ ئەگىشىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان 200دىن ئارتۇق گەۋدىلىك مەسىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزەتتى.